# چەت ئەلدىكى بىر ئۇيغۇر ئانا بىلەن سۆھبەت

تونۇشتۇرۇش :زىيارەت قىلىنغۇچى كومپيۇتېر پەنلىرى بويىچە دوكتور .ھازىر ئامېرىكا مارىلاند شىتاتىدا تۇرىدۇ.

تۆۋەندىكىسى باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت. سۆھبەتتە بىز ھەمشىرىمىز باللارنى شۇ مۇسۇلمانسىز مۇھىتتا، ئۇيغۇرسىز مۇھىتتا ئېتىقادلىق ھەم ئانا تىلىنى بىلىپ چوڭ قىلىشتا قانداق قىلغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ .

ھەممىڭلارغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن .

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھەدە. بۈگۈن سىزدىن بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا پىكىرلىشەي، دېگەن ئىدىم. بىلگەن، ئۆگەنگەنلىرىڭىز ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىڭىزدىن سوئاللىرىمىزغا جاۋاب تېپىشنى ئارزۇ قىلىمەن .

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بارىكەتۇھۇ، پەقەت ئاللاھلا خاتالىق ۋە نۇقسانلاردىن پاكتۇر. مەن بىلگىنىم بويىچە، ئامال بار ياخشى جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمەن. بىز باشقىلارغا ئۈلگە بولالمايمىز. ئۈلگە بولۇشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلەر يېتەرلىكتۇر. بىز پەقەت شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىۋاتقان ۋە شۇلاردىن ئۆگىنىۋاتقانلارمىز .

سوئال: ئىككى ئوغلىڭىز باركەن. ئوغۇللىرىڭىزنىڭ بىلىم ئىگىلەش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بەرسىڭىز. يەنى پەننى ۋە دىنىي جەھەتلەردە قانداقراق بىلىم ئىگىلەۋاتىدۇ؟

جاۋاب: مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم(يەتتە ياش (ئىسلامى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلار مەكتەپتە سەككىز خىل دەرس ئوقۇيدۇ: قۇرئان، ئەرەب تىلى، ئىسلام بىلىملىرى، ئېنگلىز تىلى ئەدەبىياتى، ماتېماتىكا، ئىجتىمائىي پەن، تەبئىي پەن ۋە تەنتەربىيە. ئوغلۇم ھازىر قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرىنى تۈگىتىپ رەسمى قۇرئان ئوقۇشنى باشلىدى. ئوقۇتقۇچىسى ھازىرچە يادلاشنى ئەمەس، مۇسھەفكە قاراپ توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى تەلەپ قىلغاچقا، بىزمۇ ئۆيدە شۇنىڭغا ياردەم قىلىۋاتىمىز. ئەرەپ تىلىدا يېزىش ۋە ئوقۇش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ، ھازىر ئاددى گراماتىكا ۋە سۆزلۈكلەرنى ئۆگىنىۋاتىدۇ .ئىسلام بىلىملىرى دېگەن دەرسدە ئاللاھ سۇبھانا ۋە تائالانىڭ ئىسىملىرىنى مەنىسى بىلەن ئۆگىنىدۇ؛ سۈرىلەرنىڭ

مەنىسىنى ئۆگىنىدۇ. ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ۋە دۇئالارنى ئىنگلىزچە مەنىسى بىلەن تەپسىلىي ئۆگىنىدۇ . باشقا پەننى دەرسلەرنى مۇشۇ دۆلەتتىكى باشقا پەننى مەكتەپلەرگە ئوخشاش ئۆگىنىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ ئۆگىنىدىغان نەرسىسى كۆپ بولغاچقا مەكتەپتە كۈنىگە بىرەر سائەت ئۇزۇنراق ئوقۇيدۇ ۋە تاپشۇرۇقنى كۆپرەك ئىشلەيدۇ. چوڭ ئوغلىمىز ھەممە نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ. كىچىك ۋاقتىدا ھايۋانلارغا قىزىقاتتى. شۇ قىزىقىشى سەۋەبىدىن ئىنگلىزچە كىتاپلارنى كۆرۈپ بىلمىسە كىتاپنى ئەكىلىپ، بىزگە ئوقۇتۇپ دېگەندەك، 3-4 ياش ۋاقتلىرىدا نۇرغۇن بىز بىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىسىملىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ياشاش مۇھىتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان ئىدى. كېيىن ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرىغا قىزىقتى، كېيىن ھەرخىل ئايروپىلانلارغا قىزىقتى، كېيىن ياغاچچىلىق قىلىشقىمۇ قىزىقتى.

نۆۋەتتە ئاسمان جىسىملىرىغا ۋە تاشلارغا قىزىقىۋاتىدۇ. نېمىگە قىزىقسا بىز ئامال بار شۇ توغرىلىق كىتاپلارنى تېپىپ بېرىشكە تىرىشتۇق ۋە شۇنىڭغا ئائىت مۇھىت بىلەن ئۇچراشتۇرۇشقا تىرىشتۇق. ئەمما پەرزەنتلىرىمىزدە بىلىم بولۇپ، ئىمان ۋە ئەدەپ-ئەخلاق بولمىسا بىلىمنى توغرا ئىشلىتەلمەيدۇ، دەپ بىلىمىز. بىز يەنە باللارنى ۋاقتنى پىلانلىق ئىشلىتىش ۋە تۇرمۇشتا رەتلىك-تەرتىپلىك بولۇش جەھەتتىن تەربىيلەشكە تىرىشىۋاتىمىز .

**سوئال: سىز ئوغۇللىرىڭىزنى يەسلىگە بەرمەي ئۆزىڭىز تەربىيلەپسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟**

جاۋاب: ھەر خىل سەۋەپلەر بولدى. باللار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسىغا مۇھتاج. ئۇنىڭدىن باشقا بىز ئىككىلىمىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا، ياخشىراق يەسلىگە بېرىشكە ئىقتىسادىمىزمۇ يار بەرمەيتتى .

**سوئال: باللىرىڭىز ئۆيدە پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىكەن، سىز بۇنىڭ كېيىن مەكتەپكە كىرگەندە توسالغۇ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىدىڭىزمۇ؟**

جاۋاب: ھەر خىل كىشلەر ھەر خىل مەسلھەت بەردى. بىزمۇ بەزىدە ئەنسىرىدۇق، بەزىدە مەيلى دىدۇق. ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى پەقەت ئۇيغۇرچە سۆزلىمەيدۇ ياكى سۆزلەشنىمۇ بىلمەيدۇ. بىز ئەگەر بىز چىڭ تۇرمىساق ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى يېتەكلىمىسەك ئۇلارنىڭمۇ تەبئىيلا شۇنداق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بىزنىڭ ھەققەتەن باللىرىمىزغا ئانا تىلىمىزنى ئۆگىتىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئەگ ئاددىيسى ئەگەر ئۇيغۇرچە بىلمىسە باللىرىمىز ئاتا-ئانىلىرىمىز

بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ؟ بىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز بىلەنچۇ؟ بىزنىڭ خەلقىمىز بىلەنچۇ؟ بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ يولىدا ئىلىم ئېلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز، بولۇپمۇ بىزنىڭ خەلقىمىزگە كېرەكلىك ئاللاھنىڭ ئىلمىنى ئېلىشىنى بەكرەك ئارزۇ قىلىمىز. ئىنشائاللاھ ئاللاھ رەھمەت قىلىپ شۇ ئىلىملارنى ئالغان چاغدا بىزگە، خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئانا تىلىمىزنى ياخشى بىلمىسە بولمايدۇ. لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئىنگلىزچىگە ئېتىۋار بەرمەيمۇ قويمىدۇق. ئۆيدە ئىنگلىزچە سوزلەشمىسەكمۇ، بالىلىرىمىزغا ئىنگلىزچە ئېلىپبەنى ۋە سۆزلۈكلەرنى بالدۇرلا ئۆگەتتۇق. چوڭ ئوغلۇم مەكتەپكە(بالىلار باغچىسى (kindergarten كىرگەندە ئىنگلىزچە سۆزلىشەلمەيتتى. لېكىن ھەممە ھەرپلەرنى ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلەتتى. ئىنگلىزچە رەڭلەرنى، ھەر ھىل گېئومېترىيىلىك شەكىللەرنى، پەسىللەرنى، ئايلارنىڭ، ھەپتە كۈنلىرىنىڭ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئىسمى ۋە يېزىلىشىنى بىلەتتى. ئىنگلىزچە 100 گىچە سانىيالايتتى. مەكتەپتە دەسلەپتە بىر ئاز قىينالدى، لېكىن يېرىم يىلدىن كېيىن سىنىپنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇشقا باشلىدى .

مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆيدە ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغان بولىۋالدى .بىز دەسلەپتە يول قويدۇق. يەنە ئۇيغۇرچە سۆزلەشتە چىڭ تۇرىۋالساق بالىغا تازا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ ئوغلىمىز مەكتەپكە كۆنۈپ كەتكەندىن كېيىن بىز ئۆيدە قەتئىي ئۇيغۇرچە سۆزلەش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدۇق. ئۇنىڭدىن ئاۋال بىزمۇ بەزىدە كەسپىمىز توغرىلىق ياكى ئۆزىمىزنىڭ مەكتىپىدىكى ئىشلار توغرىلىق سوزلەشسەك ئىنگلىزچە سۆزلەشكە چۈشۈپ كېتەتتۇق. بۇ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش باشلانغاندىن كېيىن بەزىدە چوڭ ئوغلىمىز بىزنى تەنقىتلەپ قويىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ بارا-بارا ئوغلىمىز ئۆيدە تەبىئىيلا ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان، سىرتتا دادىل ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغان بولدى. شۇنداقتىمۇ، داۋاملىق دىققەت قىلمىساق، بىزنىڭ مۇھىتىمىز ياخشى ئەمەس. باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك. بىز دائىم «ئۇيغۇرغا ئۇيغۇرچە سۆزلەيسىلەر» دېسەك، چوڭ بالام «ئاپا، ئۇلارغا ئۇيغۇرچە گەپ قىلسام چۈشەنمەيدىكەن» - دەيدۇ. «چۈشەنمىسە ئۆگىتىپ قويۇڭ، ئۇلار ئۇيغۇر بولغاندىكىن ئۇيغۇرچە سۆزلىشى كېرەك» - دەپ، بالامغا ئۆزىنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرىمىز. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى

ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە زورلايدۇ، بەزىلىرىنىڭ كارى يوق. قىسقىسى، بۇ مۇھىت بالىلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن ياخشى ئەمەس. ئاللاھ خالىسا، بىز تەتىللەردە بالىلارنى ۋەتەنگە ئەۋەتىش، دائىم ئاتا-ئانىلار ۋە ئۇرۇق-تۇققانلار بىلەن پاراڭلاشتۇرۇش ۋە ئۇيغۇرچە كۆپ كىتاپ ئوقۇش، يېزىش ئارقىلىق بالىلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى بېيىتىشنى ئويلاۋاتىمىز.

**سوئال: ئامېرىكىدەك دۆلەتتىمۇ بالىلارغا ئىسلامىي مەكتەپلەر بار ئىكەن، ئاڭلاپ ناھايىتى سۆيۈندۈم. بۇنداق مەكتەپلەر مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلارنىڭ يۈكىنى كۆپ يىنىكلەتسە كېرەك؟**

جاۋاب: ئەلھەمدۇلىللاھ، قىيىنچىلىق دېگەن ھەممىلا يەردە بار، گەپ شۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان ئىرادىگە كېلىش، شۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇش ياكى تونۇيالماسلىقتا. بالام ئوقۇغان مەكتەپ ئەسلىدىكى ئۆيىمىزدىن ماشىنا بىلەن بىر يېرىم سائەتلىك يول ئىدى. كۈندە ئەتىگەندە بامداتتىن كېيىنلا بالىنى بەزىدە ياخشى گەپ بىلەن، بەزىدە ھەتتا خاپا بولۇپ تۇرغۇزۇپ، مەكتىپىگە ئېلىپ ماڭاتتىم. بالىنى مەكتىپىگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ئىشىمغا ماڭاتتىم. ئىشقا كەلگەندە ھېرىپ ھېچ ماجالىم قالمايتتى. كەچتە بالامنى مەكتەپتىن ئەكىلىپ بىر دەم ئىشخانىدا تاپشۇرۇق ئىشلىتەتتىم. ئاندىن يەنە شۇنداق ئۇزۇن يول مېڭىپ قايتىپ كېلەتتۇق. كۈندە تۆت سائەتلەپ ماشىنىدا ئولتۇرۇش بىز چوڭلار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئېغىر بىر سەپەر، كىچىك بالا ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. بالام كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ھارغىنلىقتىن كىرىسلودا يېتىپلا ئۇخلاپ قالاتتى.

شۇنداق چاغلاردا بەزىدە «تېخى كىچىك بولغاندىكىن، ئۆيگە يېقىنراق ئاممىۋى مەكتەپكە بېرىپ تۇرۇپ، سەل چوڭ بولغاندا ئاندىن ئىسلامىي مەكتەپكە ئالماشتۇرساقمىكىن «دېگەننىمۇ ئويلاشتۇق. بەزىلەر: «بالىنىڭ ھەقىقىي خارەكتېرى يېتىلىدىغان ۋاقىت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچتا قەيەردىلا ئوقۇسا ئوخشاش - «دەپ بىزگە ئاممىۋى مەكتەپتە ئوقۇتۇش تەكلىپىنى بەردى، لېكىن ئەتراپىمدىكىلەرگە قاراپ، يەنە ئىككىلەندىم. مەسىلەن، مەكتەپتە رامىزان ئايلىرى مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئىپتارنى مەكتەپ ئاشخانىسىدا قىلاتتۇق، شۇنداق چاغدا باشقىلارغا دىققەت قىلىپ باقاندىم. ئادەتتە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىپتار ئالدىدىكى دۇئا قوبۇل بولىدىغان ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، توختىماي ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. لېكىن

ئامېرىكىدا چوڭ بولغان، خېلى ياخشى تەربىيە ئالغان مۇسۇلمان بالىلارمۇ چاقچاقلىشىپ، ئويىنىشاتتى. شۇلارنى ئويلاپ بالا ئۆچۈن تەربىيلىنىدىغان مۇھىتنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ھېس قىلدىم. ئەلۋەتتە، مۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولسا چوقۇم تەقۋا بولىدۇ، دېيەلمەيمىز، لېكىن بىز ئاتا-ئانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئاللاھ بىزگە ۋەزىپە قىلىپ بەرگەن بالىلىرىمىزنى چوقۇم قولىمىزدىن كەلگىنىچە ئەڭ ياخشى ئىسلامىي مۇھىتتا چوڭ قىلىش، تەربىيلەش مەجبۇرىيىتىمىز بار. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەربىر بالا ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي ياكى مەجۇسى قىلىپ چىقىدۇ» دېگەن .

ئەلھەمدۇلىللاھ، شۇنداق قىلىپ، بالامنى سەل جاپا تارتساقمۇ، ئىسلامىي مەكتەپتە ئوقۇتتۇق. شۇنچىلىك جاپاغا چۈشلۇق، بالامۇ ناھايىتى ئوبدان تەربىيە ئېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەكتىپىنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى مۇنداق:

ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇلار مەكتەپكە كېلىپ ئەڭ ئاۋۋال ئۇدۇل مەسچىتكە كىرىدۇ. مەسچىتتە بۇلارنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ياكى چوڭراق مۇئەللىملەردىن بىرەرى بۇلارغا بىرەر ھەدىسنى سۆزلەيدۇ، ئاندىن شۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئاددىي تىل بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەر ئايلىق تېمىلىق پائالىيەتلىرى بار، مەسىلەن، بۇ ئايلىق تېمىسى راستچىل بولۇش، بولسا، ئاساسەن مۇشۇ ئايدا ھەركۈنى راستچىللىق توغرىسىدا ھەدىس سۆزلەيدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزىدە راستچىل بولۇشنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىدۇ. شۇ ئايدا ھەم سىنىپىنىڭ، مەكتەپنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يەرلىرىگە «راستچىللىقنىڭ ئۈلگىسى ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ» دېگەندەك خەتلەرنى يېزىپ قويىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلارنى راستچىل بولۇشقا ئۈندەيدىغان ھەدىس ۋە ئەقلىيە سۆزلەرنى يازىدۇ. باشقا دەرسلىرى مەن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك .

ئەلھەمدۇلىللاھ. ھازىر ئۇ قىيىنچىلىقلار ئاساسەن تۈگەپ بالامنىڭ مەكتىپىگە يېقىن يەرگە كۆچۈپ كەلدۇق. لېكىن يولدىشىمنىڭ مەكتىپىگە يىراقلاپ كەتتۇق .ھازىر يولدىشىمنىڭ مەكتەپكە بېرىپ-كېلىشىگە كۈنىگە تۆت سائەت ۋاقىت كېتىدۇ .

**سوئال: ئەر-ئاياللار ئىككىلىڭلار دوكتورلۇق ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئىككى بالىنىڭ ھالىدىن ئۆزۈڭلار**

**خەۋەر ئاپسلەر، يەنە ۋاقت چىقرىپ قۇرئان يادلايدىكەنسىز، ۋاقتنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىسز؟**

جاۋاب: ئەلھەمدۇلىللاھ. ۋە لا ھەۋلە ۋە لە قۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھ. ۋاقتنى ئالدىنئالا پىلانلاش ئىنتايىن مۇھىم. ھەر كۈنى قىلدىغان ئىشلارنى ئالدىنقى كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئويلىنىپ يېزىپ چىقىش بىر ياخشى ئادەت .ئەتىسى ئورنىڭىزدىن تۇرغاندىن باشلاپ شۇ ئىشلارنى ئىجرا قىلىشقا چۈشسىڭىز ئۆزىڭىزمۇ سەزمەي نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايسىز. كىچىك بالىسى بار ئادەم تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. چۈنكى سىزنىڭ ۋاقتىڭىز چەكلىك بولىدۇ. نىمە قىلىشىڭىزنى ئالدىن پىلانلىۋالمىسىڭىز بىكار ۋاقتىڭىز قىلىدىغان ئىشىڭىزنى تېپىپ بولغىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ . .

بالىلار 3ـ4 ياشقىچە كۈنىگە كەم دېگەندە 12 سائەت ئۇخلايدۇ. ئەگەر سىز 8سائەت ئۇخلىسىڭىز، ئۇ چاغدا سىزگە يەنە 4 سائەت ئەركىن ۋاقت بار، دېگەن گەپ. ئاشۇ 4 سائەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بالىغا ھەر كۈنى مەلۇم ۋاقت ئاجرىتىپ، ياخشى ئوينىتىپ قويسا، بالا ئاستا-ئاستا ئۆزى ئوينايدىغان بولىدۇ. ئەگەر سىز بالىڭىز بىلەن ئوينىغان قىياپەتتە، لېكىن كاللىڭىزدا باشقا ئىشنى ئويلاپ ئولتۇرسىڭىز، بالىڭىز سىزگە تېخىمۇ يېپىشىۋالىدۇ .چۈنكى بالىلار سىزنىڭ ئۇلارغا ھەقىقى كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىدۇ ۋە سىزنىڭ ھەقىقى كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزنى سېغىنىپ كەچكىچە كەينىڭىزگە كىرىۋالىدۇ. شۇڭا چوقۇم ھېچبولمىسا يېرىم سائەت ئاجرىتىپ كىچىك بالا بولۇپ، ھەممە ئىشلارنى ئۇنتۇپ تۇرۇپ تەڭ ئويناش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ كۆز ئالدىدا تاماق ئەتسىڭىزمۇ ۋە كىتاپ كۆرسىڭىزمۇ خاتىرجەم قىلالايسىز .

ئىبادەتكە كەلسەك، بالىلار ناماز ۋاقتىنىڭ بىر ئالاھىدە ۋاقت ئىكەنلىكىنى بارغانچە چۈشىنىدۇ. شۇڭا ناماز ۋاقتى بولغاندا بالىنى بىخەتەر ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېچىكتۈرمەي ناماز ئوقۇش كېرەك، بارا- بارا يىغلاۋاتقان بالىمۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن ھامان «بەرىبىر ئاپام نامىزى تۈگىمىچە ماڭا قارىمايدۇ» دەپ شاپپىدە توختاپ قالىدىغان بولىدۇ .

كىچىك بالىلار ئاپىسى بىلەن بىللە ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا يەنە بىر ئۇسۇل، بىللە تاھارەت ئېلىپ، بىللە ناماز ئوقۇسا بالا ھەم كاشىلا قىلمايدۇ، ھەم ئۆزىمۇ ئۆگىنىپ قالىدۇ. ھەتتا قۇرئان ئوقۇشمۇ شۇنداق، قۇرئاندىن ئىككىنى ئەكىلىپ «بالام، سىز قايسىسىنى ئوقۇيسىز؟» دەپ، بىرسىنى تاللىتىپ

يەنە بىرسىنى ئۆزىڭىز ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. بەزىدە مېنىڭ كىچىك بالام توختىماي مېنىڭ قولۇمدىكىنى تالىشىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا تېزىمدا ئولتۇرغۇزۇپ «ئىككىمىز تەڭ ئوقۇيلى» دېسەم، «ماقۇل» دەپ بەش مىنۇت بولسىمۇ ئولتۇرۇپ بېرىدۇ .

ئۆيدە نۇرغۇن ئۆي ئىشلىرىنى باللار بىللە قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئۆي تازىلاش دېگەندەك ئىشلارنى قىلغاندا باللارنى تەڭ قاتناشتۇرسا، ئۇلار ھەم خۇشال بولىدۇ، سىزمۇ ھەم ئىشىڭىزنى قىلالايسىز .بىز بىرىنچى بالىمىزدا كۆپ قىينالغان ئىدۇق، ئىككىنچى بالىمىزدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدۇق، ئاللاھ تائالا بىزگە كۆپ ئاسانچىلىق بەردى. نېمە ئىش قىلسام «مەنمۇ قىلىمەن» دېسە، ماقۇل دەپ قوللىرىنى يۇيۇپ قىلىۋاتقان ئىشىمنى تۇتقۇزۇپ قويىمەن، بەزىدە ئۇزۇن قىلىدۇ، بەزىدە بىردەمدىن كېيىنلا زېرىكىپ ماڭا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. زېرىككەن ئىشلىرىنى كېيىن قىلىۋاتقىنىمنى كۆرسىمۇ قايتا تالاشمايدۇ. ئەمما بەزى ئىشلارغا ياق دەيمەن. مەسىلەن، پىچاق، قايچا بىلەن قىلىدىغان ئىشلارنى تالاشسا كىچىك باللارنىڭ قايچىسى ياكى ئۆتمەيدىغان پىچاق بېرىمەن

ۋە قولۇمدىكى پىچاق، قايچىنى بەرسەم نېمە ئۈچۈن بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىمەن. شۇڭا ھازىر كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش بىز ھەممىمىز ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىش بولۇپ قالدى .

قىسقىسى، بالا ئويغاق چاغدا مۇشۇنداق ئىشلارنى تۈگىتىۋالسىڭىز، ئاندىن بالا ئۇخلاپ قالغاندا كوپرەك زېھىن تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى قىلسىڭىز بولىدۇ، ئىنشائاللاھ .

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن بىزگە قۇرئاننى يادلاشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسان قىلىپ بەرگەن. ئەگەر بىز نىيەت قىلساق ۋە تىرىشساقلا، ئۇنىڭ ھېچ بىر قىيىن ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. مەن دائىم قۇرئاننى مۇسھەفتىن يادلاشقا تىرىشىمەن. چۈنكى ئايەتنىڭ ئورنى بىلەن يادلاش ئەستە تۇتۇشقا پايدىلىق ئىكەن. ئاۋال يادلىماقچى بولغان ئايەتنى ئوقۇيمەن، ئاندىن ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى سۆزمۇ سۆز ئۆگىنىمەن. ئاندىن مەنىسى ھەققىدە ئويلايمەن. بۇنىڭغا 10 -5مىنۇت كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاۋۋال قىلىۋاتقان ئىشىمنى داۋاملاشتۇرىمەن. يەنە 1-2 سائەتتىن كېيىن ئۇ ئايەتنى مۇسھەفتىن 3 قېتىم ئوقۇيمەن ۋە ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى ئېسىمگە ئېلىشقا تىرىشىمەن. ئەگەر ئۇنتۇپ قالغان بولسام سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى قايتا كورىمەن. ئاندىن، كىتاپقا قارىماي ئېسىمدە قالغىنىنى 3 قېتىم دەپ بېقىشقا

**تىرىشىمەن. ئاندىن كىتاپنى ئېچىپ يەنە 3 قېتىم ئوقۇيمەن. مۇشۇ جەرياننى تاكى ئۇ ئايەتنى يادلىغانغا قەدەر تەكرارلايمەن. بۇنىڭغا يەنە 5-10 مىنۇت كېتىدۇ. بەزىدە يەنە ۋاقىت چىقىرىپ شۇ ئايەتنىڭ تەفسىرىنى ئوقۇشقا تىرىشىمەن. ئەگەر بىز ھەر كۈنى قۇرئان يادلاشقا 20 مىنۇت ئاجراتساق ناھايىتى تېز ئىلگىرلەيمىز. چۈشىنىش ۋە يادلاش بارغانسىرى ئاسان توختايدۇ .**

**ئەگەر سىز ۋاقتىڭىز ئويلىغان ئىشلىرىڭىزغا يېتىشمىگەندەك ھېس قىلسىڭىز، ھەر كۈنى نېمە ئىش قىلغانلىقىڭىزنى مىنۇت-سېكۇنتلىرىغىچە سەممىيلىك بىلەن بىر دەپتەرگە يېزىپ مېڭىڭ ۋە بۇنى بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرۇڭ. بىر ھەپتىدىن كېيىن يازغان خاتىرىڭىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقسىڭىز نېمە ئۈچۈن ۋاقتىڭىز يەتمىگەندەك ھېس قىلغانلىقىڭىزنى بىلىسىز. ئاندىن سىز ئىشلىرىڭىزنى 2 تۈرگە ئايرىڭ: سىز قىلىشىڭىز كېرەك بولغان ئىشلار ۋە سىز قىلىشنى خالايدىغان ئىشلار. ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى بار. مەسىلەن، بالامنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتسە بىر نەرسە بېرىش مەن قىلىشىم كېرەك بولغان ئىش، ھەدىس يادلاش مەن قىلىشنى خالايدىغان ئىش. بىز مەجبۇرىيىتىمىزنى تونۇشىمىز ۋە ئۇلارغا جىددى قارىشىمىز كېرەك. بىز ياخشى ئەمەللەرنى قىلدۇق، دەپ ئۆزىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىمىسەك بولمايدۇ. يەنە مەسىلەن، نامازلارنى ۋاقتىدا ئوقۇش بىلەن قۇرئان ئوقۇش ياكى يادلاش ئوخشىمىغان ئىككى تۈرگە چۈشىدۇ. بىز قۇرئان يادلايمەن، دەپ ئولتۇرۇپ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتسەك بولمايدۇ .**

**قىسقىسى، ئالدىن پلانلاش ۋە ۋاقتنى تېجەپ ئىشلىتىشنىڭ ماڭا كۆپ ياردىمى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنتېرنېتنى ئىشلىتىش ۋاقتنى چەكلەش كېرەك ئىكەن.**

**سوئال: ھازىر ئالىي مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم ھەمشىرىلەر ئارىسىدا بەربىر ئوقۇساقمۇ يەنە بېرىپ ئۆيدە ئولتۇرىدىكەنمىز، دەپ مەكتەپنى تاشلاش خاھىشى ئېغىركەن. سىز مۇشۇ ئەھۋالغا قانداق قارايسىز؟**

**جاۋاب: بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش تەس. ھەر كىشىنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ .بىلىم ئېلىش بىلەن ئۆيدە ئولتۇرۇشنىڭ ھېچ زىددىيىتى يوق، يەنى ئۆيدە ئولتۇرغان ئادەم بىرنەرسە بىلمىسىمۇ بولىدۇ دېيىش بىر خاتا ئالغ. بىلىم ھەر كىشىگە كېرەك. ئەمما بىلىمنى قانداق ئېلىش مەسىلىسى باشقا بىر گەپ. مەن**

بۇنىڭغا جاۋاپ بېرەلمەيمەن، دەپ ئويلايمەن .

لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە، ئۆيدە ئولتۇرۇش ئايال كىشىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئەجىر بېرىلىدىغان ئىش. قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ تەشەببۇسىغا قارىساقمۇ، ئەرلەرنىڭ سىرتلاردا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە كۆپرەك ئىشتىراك قىلىپ، ئائىلىنى قوغداش ۋە ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەتراپىدىكىلەرگە كۆپرەك ياردەم قىلىشنى، ئايال كىشىنىڭ بولسا ئائىلىدە بولۇپ، ئائىلىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، باللارنى ياخشى تەربىيىلەپ، ياخشى ئايال ۋە ياخشى ئانا بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى بايقايمىز. ئايال كىشى ئائىلىدىن ياخشى خەۋەر ئالسا، ياخشى قورۇقچى بولالىسا ئەر ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلالايدۇ، شۇنداقلا بىر خىل تەڭپۇڭلۇق شەكىللىنىپ، ئائىلىنىڭ مۇستەھكەم داۋاملىششى، پەرزەنتلەرنىڭ ئىللىق مۇھىتتا تەربىيىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئايال كىشى قانچە بىلىملىك بولغانچە، باللارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئەتراپلىق بولۇپ چىقىدۇ، باللىنىڭ تەربىيىسى كۆپ ھاللاردا ئانىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا ئاياللارنىڭ بىلىم ئالماسلىقى ياخشى ئىش ئەمەس. ئاياللار بىلىملىك بولسا خەلقىمىز ئاندىن گۈللىنەلەيدۇ. لېكىن، مەن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم مەھرەمسىز ھالدا يىراقلارغا سەپەر قىلىش كېرەك، دەپ قارىمايمەن .

سوئال: يېڭى توي قىلغان، يېڭى باللىق بولغان ھەمشىرىلەرگە ئائىلە، ئاياللىق ئەخلاقى ۋە پەرزەنت تەربىيىلەش توغرىلىق ئىككى ئېغىز نەسىھەت ۋە تەكلىپ بەرسىڭىز. ئاللاھ سىزدىن رازى بولسۇن .

جاۋاب: سىڭلىم، يېڭى توي قىلغان ھەمشىرىلەر ئامال بار ھەممە ئىشنى تاشلاپ ياخشى ئايال بولۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك. بىر ئائىلە جەمئىيەت ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم بولسا ئەر- ئايالنىڭ مۇناسىۋىتى ئائىلە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم. ئەر-ئايالنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىسا باللارنى ياخشى تەربىيىلەشمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىش. مەن ھېلىلا سىزگە «بىز يەنىلا نىكاھقا ئېھتىياجلىقمۇ؟» دېگەن ماقالىنى ئەۋەتتىم، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ئابزاس بار:

**«بىزدىن تەلەپ قىلىنغىنى شۇكى، نىكاھ تۇرمۇشىدا ئەر-ئايال ئىككىلا تەرەپ ئوخشاش تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك، شۇندىلا، ئىنشائاللاھ، ئىككى تەرەپ ئوخشاش ئەجىرگە ئىگە بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، نىكاھتىن كېيىن شەيتان ھەر ئاماللار بىلەن ئىككىيلەننىڭ ئارىسىنى بۇزۇۋېتىشكە تىرىشىدۇ ۋە ئاران**

تەستە قوشۇلغان بۇ بىر جۈپنى ئايرىۋېتىشكە ئۈرۈنىدۇ.» جەبىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىشچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :«شەيتانلارنىڭ باشلىقى ئىبلىسنىڭ تەختى دېڭىزنىڭ ئۈستىدىدۇر. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا شەيتانلارنى يامانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. ئىبلىسنىڭ نەزەرىدە شەيتانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ چوڭ يامانلىق قىلالىغىنىدۇر. ئاندىن ئىبلىس ئۇلارنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلايدۇ. قاچانكى ئۇلارنىڭ بىرەرىنىڭ باشقىلارنىڭ ئارىسىغا خاتا چۈشىنىش ۋە گۇمان پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىسا ئىبلىس ناھايىتى خوشال بولۇپ كېتىدۇ. ئىبلىس كېلىپ شۇنى بايان قىلغۇچىنى قۇچاقلايدۇ، ھەم «سەن قالتىسكەنسەن» دەيدۇ. يەنى، بۇ شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى ھەقىقي ئازدۇرغانلىقىدۇر» مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنى، ھەر بىرىمىز شەيتاننىڭ بىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ۋەس-ۋەسىلىرىگە بويسۇنماسلىقىمىز لازىم ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرىشىمىز لازىم. بۇ تېمىدا نۇرغۇن ماقالىلار بار. مەن بىرنەچچىسىنى تاللاپ ئەۋەتتىم. تەپسىلى ئوقۇپ چىقىڭ. كېيىنچە تەرجىمە قىلىپ مۇنبەرگە چاپلاپ قويارمىز. بالا تەربىيىلەشمۇ چوڭ بىر تېما. ئۇ توغرىلىق كېيىنچە ئوقۇغانلىرىمنى ئورتاقلىشاي. جاھاندا ياخشى ئاتا-ئانا بولۇشتىن تەس ئىش يوق ئىكەن، دەپ ئويلايمەن. باللارنى ياخشى تەربىيەلەش ئىنتايىن قىيىن ئىش. ھازىرچە مېنىڭ ھېس قىلغىنىم :

1. ئاللاھتىن كوپ ياردەم سوراش. ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش.

2. بالىمىزغا ئۈگەتمەكچى بولغان ئىشتا ئاۋال ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇش.

3.پەرزەنتىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق .

بۇ توغرىدا ھازىرچە مۇشۇنچىلىك يازاي. ئەمدى ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ماقالىلارنى ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن .

ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن ھەدە، كۆپ ۋاقتىڭىزنى ئېلىۋەتتىم، سوئاللارغا ۋاقىت چىقىرىپ جاۋاب بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاللاھ بارلىق قېرىنداشلىرىمغا رەھمەت قىلسۇن. ئەگەر مەن باشقىلارغا پايدىلىق، ياخشى سۆلەرنى سۆزلىگەن بولسام بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن. ئەگەر مۇۋاپىق بولمىغان مەزمۇنلار قوشۇلۇپ قالغان بولسا ئۇ مېنىڭ يېتەرسىزلىكىمدىن. ئاللاھ ئالىمدۇر.

تۆۋەندىكىلەر ھەمشىرەم بىزگە تەۋسىيە قىلغان ماقالىلەر، بۇلارنىمۇ تەرجىمە قىلىپ قويدۇم، قېرىنداش-ھەمشىرىلەرگە پايدىسى تەگسە ئەجەب ئەمەس:

## شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللانىڭ نەسىھتى

### ئەر-ئاياللارغا نەسىھەتلەر

### شەيخ ئەلبانى

ئەر ۋە ئايال بىر-بىرىگە بويسۇنۇشى، ھەمكارلىششى ۋە ماسلىششى، بىر-بىرىنى ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىشكە، قۇرئاندا ئوچۇق كۆرسەتكەن كۆرسەتمىلىرىگە ۋە سەھىھ سۈننەتلەرگە ئەگىششكە

ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى لازىم. شۇنداقلا شـەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسـىگە ئەگىشىشـنىڭ ئـورنىنى دىنىـي كۆرسەتمىلەرگە ۋە شەخسلەرگە قارىغۇلارچە مۇئامىلە ئەگىشىش، دىنغا مۇخالىـپ ئـۆرپ-ئـادەتلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزى توقۇۋالغان ئوي-خىياللىرى ئەگەللەپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلىش كېـرەك. ئـاللاھ ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ» :الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغـدا، ئەر-ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىـرى بىـرەر ئىشـتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ) كىمكـى الله غـا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ)سۈرە ئەھزاب 33:36

ئىككىلا تەرەپ ئاللاھ ئۆزلىرىگە يۈكلىگەن ھەقلىرىنى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تولـۇق ئـاداش قىلىشـلىرى كېرەك. ئېنىقكى، ئايال كىشى ئائىلىدە ئەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە بولىمەن، دەپ تۇرۇۋالماسـلىقى كېرەك. شۇنداقلا ئەر ئۆزىنىڭ نىكاھتىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ ئايـال كىشـىنى ئېزىـدىغان، ئۇنىڭغـا ئازار بېرىدىغان، ياكى ئادالەتسىزلىك قىلىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىقى كېرەك .

ئاللاھ مۇنـداق دەيـدۇ» :ئايـاللىرى ئۈسـتىدە ئەرلەرنـىڭ ھەقلـىرى بولغىنـىدەك، ئەرلـىرى ئۈسـتىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىـق دەرىجىـدە ھوقـوقتىن بەھـرىمەن بولىشـى كـېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك، ئاياللارغـا مەھـرى بېـرىش ۋە ئۇلارنـىڭ تۇرمۇشـىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. الله غالىپتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر)سۈرە بەقەرە. 2:228

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:«ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ الله نىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ- قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-مـاللىرىنى سـەرىپ قىلغانلىقىدىنـدۇر )يەنـى ئاياللارنـىڭ نەپىقىسـى ئەرلەرنـىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر .(ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلـىرى يېنىـدا بولمىغـان چاغلاردا الله نىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر، سـىلەر سەركەشـلىك قىلىشـلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۇنۇم بەرمىسە (بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۇنـۇم

بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدابولماڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (الله ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ» ( سۈرە نىسا 4:34)

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىدى: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئاياللىرىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە قانداق ھەقلىرى بار؟» رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى» :ئۇلارغا ئۆزەڭ يېگەنде يېدۈرۈشۈڭ، ئۇلارغا ئۆزۈڭ كىيگەندەك كىيدۈرۈشۈڭ، ئۇلارنى سەتلەشتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك، دېمەسلىكىڭ (ئەرەبلەردە ئاچچىقى كەلسە ئاللاھ سېنى كۆرۈمسىز قىلىۋەتسۇن، دەيدىغان ئادەت بار ئىدى)، يۈزىگە ئۇرماسلىقىڭ، ئەر-ئاياللىقتىن تۇرمۇشتىن چەكلەش مەقسىتىدە باشقا ئورۇندا يېتىۋالماسلىقىڭ. بىر-بىرىڭلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن تۇرساڭلار، )قانداقمۇ بۇنداق قىلىسىلەر؟) پەقەت ئۇلار ھەققىدە يول قويۇلغاننىلا قىلىڭلار(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، سەھىھ)

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن» :ئادىللىقتا چېكى تۇرغۇچىلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدىكى تەختتە ئولتۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىككىلا قولى ئوڭ قولدۇر. ئادىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئائىلىسىدە ئادىل بولغان ۋە بارلىق ئۆزىگە ھوقۇق بېرىلگەنلەر شۇ ئادىللىقتا چېكى تۇرغۇچىلاردۇر ) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

قاچانكى ئەر-ئايال ئىككىلىسى مۇشۇ كۆرسەتمىلەرنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىپادە قىلىدىكەن، ئاللاھۇ تائالا ئۇلارنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەر -ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە )دۇنيانىڭ قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز»

سۈرە نەھل 97-ئايەت

# قانداق قىلغاندا بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئايال بولغىلى بولىدۇ؟

مۇھەممەد ئەل-شەرىف

1.«فىتنە»گىزنى ئېرىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئىشلىتىڭ .

ھەممە ئاياللارغا ئاللاھ سۇبھانا ۋە تائالا ئۆزىگە يارىشا زىننەت بەرگەن .گۈزەللىكىڭىزنى ۋە زىننىتىڭىزنى ئېرىڭىزنىڭ قەلبىنى ئۇتۇۋېلىشقا ئىشلىتىڭ .

2. يولدىشىڭىز ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىڭ .

تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ئەگەر يولدىشىڭىز پاكىزە ئۆيگە كەلسە، ئايالى چىرايلىق ياسىنىپ تۇرسا، تۇجۇپىلەپ تەييارلانغان تاماق كەلتۈرۈلسە، باللار پاكىز ۋە تاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشسا، ياتاق ئۆي پاك-پاكىزە تۇرسا.-يولدىشىڭىزنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتى كۈچەيمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ئەمدى بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ .

3. ھۆرلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىڭ ۋە ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشقا تىرىشىڭ .

قۇرئان ۋە سۈننەتتە جەننەت ئەھلى بولغان ئاياللارنىڭ سۈپەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. مەسىلەن، ئۇلار يىپەك كىيملەرنى كىيدۇ، كۆزلىرى قاپقارا ۋە چوڭ بولىدۇ، ئۇلار ئەرلىرىگە يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ، دېگەندەك .سىزمۇ سىناپ بېقىڭ. ئېرىڭىز ئۈچۈن يىپەك كىيملەرنى كىيىڭ، كۆزلىرىڭىزگە سۈرمە تارتىپ ياسىنىڭ، ھەم ئېرىڭىز ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ .

4. ئۆيدە زىبۇ-زىننەتلىرىڭىزنى تاقاپ، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈڭ .

قىزلار چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈشكە، ھالقىلارنى ۋە بىلەيزۈكلەرنى تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر ئايال بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، ئېرىڭىز ئۈچۈن، مۇشۇنداق ئادەتلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ .

5.ئېرىڭىزگە چاقچاق قىلىڭ، بىللە ئويىنىشىڭ .

ئەرلەرنىڭ مەخپىيەتلىكى: ئەرلەر ئاقكۆڭۈل ۋە يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا ئىگە قىزلارنى ياخشى كۆرىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېيتقىنىدا، ئۇنى كۈلدۈرىدىغان، ئۆزىمۇ بىلىپ كۈلۈپ ئوينىشىدىغان بىرىنى ئېلىشنى ئېيتقان .

6. ئېرىڭىزنىڭ قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىڭ. قايتا-قايتا رەھمەت دەڭ .

بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر «تېخنىكا»، بۇنىڭ قارشىسىچە بولغاندا (يەنى ئايال كىشى ئەرنىڭ قىلىپ بەرگەنلىرىگە رازى بولمىغاندا)، بۇ ئاياللارنىڭ دوزاخ ئەھلىنىڭ بولۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ .

7. گەپ تاللىشىش ئائىلىدىكى بىر ئوتتۇر. بۇنى ناھايىتى ئاددىيلا بىر جۈملە »كەچۈرۈڭ« بىلەن ئۆچۈرىۋېتىڭ. گەرچە ئۇ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز بولمىسىمۇ .ئەگەر داۋاملىق جېدەللىشىۋەرسىڭىز، بۇ پەقەت ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقانلىقتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇنداق دېيىشىڭىز ئۇرۇشۇشنىڭ نەتىجىسىنىمۇ ناھايىتى ياخشى تۈگەتكىلى بولۇشى مۇمكىن » :قاراڭ، مېنى كەچۈرۈڭ بولامدۇ؟ بولدى ئەپلىشىپ قالايلىچۇ

8. ھەر دائىم يولدىشىڭىزنى خوشال قىلىشنى ئىستەڭ، چۈنكى ئۇ سىزنىڭ جەننەتكە كىرىشتىكى ئاچقۇچىڭىزدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:«قايسى ئايال ئېرىنى رازى قىلىپ ئۆلىدىكەن، جەننەتكە كىرىدۇ. . . » دېگەن. شۇڭا، چوقۇم ئۇنى رازى قىلىڭ .

9. ئۇنىڭغا بويسۇنۇش .

يولدىشىڭىزغا بويسۇنۇش پەرزدۇر! يولدىشىڭىز ئائىلىدىكى ئەمىر (قوماندان) دۇر. ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھەقلىرى ۋە ھۆرمەتنى بېرىش .

10. ئاللاھتىن ھەرقاچان نىكاھىڭلارنى ۋە ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچلەندۈرىدىغان قىلىپ بېرىشىنى تىلەش .

بارلىق ياخشىلىق ئاللاھ تائالادىنلا كېلىدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالادىن سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خوشاللىق بېرىشنى، جەننەت ئەھلىلىرىدىن قىلىشنى تىلەشنى ئۇنۇتماڭ .

ھەممىدە ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلىدۇ.

## مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئېيتقانلىرى

## قانداق قىلغاندا ياخشى ئايال بولغىلى بولىدۇ؟

ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش دەرسلىكى، 1954 تاماق تەييار بولسۇن. ھەتتا بىرەر كۈن بۇرۇن پىلان ۋە تەييارلىقنى قىلىپ، مېزىلىك تاماقنى تەييار قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىڭ. بۇ سىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە ئەرلەر ئۆيگە ھېرىپ-ئېچىپ كېلىدۇ. ئۇلارنى تازا ئوخشىغان تاماق بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەشنىڭ مۇھىم بىر قىسمى.

تەييار بولۇپ تۇرۇڭ. ئۇ قايتىپ كېلىشتىن 15 مىنۇت بۇرۇن ئارام ئېلىپ، جۇشقۇن ھالىتىڭىزگە قايتىڭ. ئانچە-مۇنچە گىرىم قىلىۋېلىڭ. جانلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن چېچىڭىزنى چىرايلىق لېنتىلار بىلەن بوغۇۋېلىڭ. ئۇ تېخى بايلا

بىر توپ خىزمەت ئىچىدە ھالىدىن كەتكەن ئادەملەر بىلەن بىللە ئىدى، ئۇ بۇ خىل زېرىكىشلىك مۇھىتتىن قۇتۇلۇشنى خالايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈڭ .

قالايمىقانچىلىقنى يوقىتىڭ. يولدىشىڭىز قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۆيلەرنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈڭ. بوخچا، ئويۇنچۇق، قەغەز پارچىلىرى دېگەندەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭ. ئۈستەل يۈزىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىۋېتىڭ. يولدىشىڭىز بۇ چاغدا ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى ئارامبەخش ۋە رەتلىك بىر قەسرگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. سىزمۇ يېنىكلەپلا قالىسىز .

باللارنىڭ تەييارلىقنى قىلىڭ. ئازراققىنە ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلارنى يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ قويۇڭ. (ئەگەر ئۇلار تېخى كىچىك بولسا. ) چاچلىرىنى تاراڭ. ئەگەر زۆرۈر بولسا كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەڭ. ئۇلار سىلەرنىڭ بايلىقلىرىڭلاردۇر. يولدىشىڭىز ئۇلارنى خوشال-خورام ئويناۋاتقان ھالەتتە كۆرۈشنى خالايدۇ .

ئاۋازلارنى ئۆچۈرۈڭ. يولدىشىڭىز ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ھامان باشنى ئاغرىتىدىغان ئاۋاز چىقىرىدىغان كىرئالغۇ، قۇرۇتقۇچ، قاچا يۇيغۇچ دېگەندەكلەرنى ئۆچۈرىۋېتىڭ. باللارغىمۇ ئاۋازىنى سەل پەسەيتىشنى ئېيتىڭ .كۆرۈشكەندە كۈلۈمسىرەڭ، ئۇنى كۆرۈپ خوشال بولغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەڭ. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خوشال بولىدۇ .

**قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار**

ئۇنى قاقشاش ۋە رەنجىشلەر بىلەن كۆتۈۋالماڭ. ئۇنىڭ تاماققا كېچىكىپ كەلگەنلىكىدىن قاقشىماڭ. ئۇنىڭ بۇگۈنكە بىر كۈنلۈك جاپاسىنىڭ ئالدىدا بۇنى كىچىككىنە ئىش، دەپ ھېسابلاڭ. ئۇنىڭغا راھەتلىك بېرىڭ. ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ئورۇندۇق بېرىڭ، ياكى يۇمشاق ئورۇندا يېتىۋېلىشنى ئېيتىڭ .ئۇنىڭغا ئىسسىق ياكى مۇزدەك ئىچىملىك بېرىڭ. بېشىغا ياستۇق قويۇپ بېرىڭ، ساپما كەشنى ئەكىلىپ بېرىڭ. ئۇنىڭغا تۆۋەن، مۇلايىم، خوشال كەيپىياتتا گەپ قىلىڭ. ئۇنىڭ ئارام ئېلىپ، راھەتلىنىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىڭ .

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ. بەلكىم ئۇنىڭغا دەيدىغان تالاي گەپلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېلىشىگىلا گەپ باشلىسىڭىز مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئاۋۋال ئۇ سۆزلىسۇن .

كەچلىك ۋاقىت ئۇنىڭغا تەۋە بولسۇن. ھەرگىز ئۇنىڭ سىزنى سىرتلارغا تاماققا ۋە ئويۇنغىلى ئېلىپ چىقمىغانلىقىدىن ئاغرىنماڭ. بەلكى ئۇنىڭ دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشنى، ئۇنىڭ بېسىم ۋە ئىچ پۇشۇقنى چۈشىنىشكە تىرىشىڭ. ئۇ ئۆيدە تۇرۇشنى، روھىي ئازادىلىكنى بەكرەك خالايدۇ .

ئۇنىڭ قىلغانلىرى توغرىلىق تولا سوئال سورىماڭ. ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە باشقا ئىقتىدارلىرىدىن گۇمان قىلماڭ. ئۇنتۇپ قالماڭكى، ئۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ باشلىقى. ئۇ ئائىلىدە ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىشقا تولۇق ھوقۇقى بار. شۇنداقلا، بۇ ئائىلە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۇ شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق. سىزنىڭ ئۇنىڭدىن تولا سوئال سوراپ، دەرگۇمان بولۇش ھوقۇقىڭىز يوق .

يولدىشىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ. مەيلى ئۇنىڭ ئالدىدا بولسۇن، ياكى كەينىدە بولسۇن. مەيلى ئادەملەرنىڭ ئالدىدا بولسۇن، ياكى ئىككىڭلارلا يالغۇز قالغاندا بولسۇن .

ئۇنى قوللاڭ، مەدەت بېرىڭ، چامىڭىزچە ماختاپ، ئىلھاملاندۇرۇڭ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۆز قاراشلىرىڭىزنى دېيىسىڭىز بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن ئۆزىڭىزنىڭ تەلەپلىرىڭىزنى بايان قىلىش بىلەن، ئۇنى تەنقىد قىلىشنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماڭ.

# ياخشى ئايالنىڭ 7 سۈپىتى

مەيلى سىز لايىق ئىزدەۋاتقان بويتاق يىگىت بولۇڭ، مەيلى توي قىلىپ بولغان، ئۆزىڭىزنى، نىكاھ تۇرمۇشىڭىزنى ۋە يولدىشىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى تاكامۇللاشتۇرماقچى بولغان ئايال بولۇڭ، تۆۋەندىكى ياخشى ئايالنىڭ 7 سۈپىتىگە نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇشىڭىزنى سورايمەن. ھەرقانداق ئايال ئۆزىدە يېتىلدۈرەلەيدىغان بۇ يەتتە سۈپەت سىزنى رازى بولغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشتۈرىشىگە ئىشىنىمەن .

## 7. ۋاتىلداق بولماسلىق .

ياخشى ئايال كوت-كوت بولمايدۇ. بەلكىم سىز ۋاتىلداش ئارقىلىق يولدىشىڭىزنى سىزنىڭ دېگىنىڭىزگە كۆندۈرىمەن، دەپ ئويلايسىز. لېكىن ماڭا ئىشىنىڭلاركى خانىملار- ئۇنىڭ پايدىسى يوق. ئەكسىچە، دائىم ئۇنىڭ ئەكس ئۈنۈمىنى كۆرۈپ قالىسىز .

## 6. قوللاش .

سىز ئۇنى قوللامسىز؟ قوللاش قانداق بولىدۇ؟ سىز قارشى تەرەپنى چۈشۈرۈشكە ئامراقمۇ، ياكى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشكە، ئۇنى ئۆزى ۋە خىزمىتى، پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئىشەنچكە تولدۇرۇشقىمۇ؟

ئەگەر سىز ئېرىڭىزنى قوللاپ بەرسىڭىز، ئۇ سىزنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ .ھەتتا ئۇنىڭ تۇتقان يولىنى توغرا كۆرمىگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ توغرا كۆرمىگەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇش بىلەن بىللە، ئۇنى قوللاڭ، ئۇنى ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن ئىشنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ. ئۇنداق قىلمىسىڭىز، ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر قىينىچىلىقى بولسا، سىز ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ .

## 5. ئېرىڭىز بىلەن مۇناسىۋىتىڭىزنى ياخشىلاڭ.

خانىملار، ئېرىڭىزنىڭ سىزگە بولغان نەپرىتىنى قوزغاشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇنى ھاقارەتلەش، تەنقىدلەشتۇر. ئەكسىچە، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇنى ماختىشىڭىز ئۇنىڭ سىزگە بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ

## 4. ئېرىڭىزنىڭ ياتاق ئۆيدىكى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇڭ .

چاتاق يېرى، نۇرغۇنلىغان ئاياللار ئېرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئادەتتە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئەقەللىي تەلىپىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جىنسىي ئېھتىياج خۇددى قورساق ئېچىش، ئۇسساشقا ئوخشاش فىزىكىلىق ئېھتىياجلارغا ئوخشاش مۇھىم بولۇپ، ئۇ مۇۋاپىق قاندۇرۇلمىغاندا ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ جىددىيلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئايال كىشى جىنسىي تۇرمۇشقا ئۆزىنىڭ ئەمەس، ئېرىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قارىشى ھەم توغرا چۈشىنىشى كېرەك .

## 3. ھۆرمەتلەش .

ياخشى ئايال ئېرىنى ھۆرمەتلەشنى بىلىدۇ. ھۆرمەتلەش قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟ ئادەتتە ئايال كىشىنىڭ ئېرىنى ھۆرمەتلەيدىغان ياكى ھۆرمەتلىمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ ئېرىگە گەپ قىلغاندىكى پوزىتسىيەسىگە قاراپ بىلىنىدۇ. كونىلار »بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ؟» دەپ ناھايىتى ياخشى دېگەن، شۇنداقلا ھەربىر ئايال كىشى بۇنى ھەرۋاقىت يادىدىن چىقارماسلىقى كېرەك. بۇ دېگەنلىك گەپ قىلغاندا ئېھتىيات قىلىش، دېگەنلىك ئەمەس. پەقەت شۇ سۆزنى دېگەن چاغدا يولدىشىڭىزنىڭ ھېسسىياتىغا دىققەت قىلىش .

## 2. پىكىر ئالماشتۇرۇش .

توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا ياخشى پىكىر ئالماشتۇرۇش تولىمۇ مۇشكۈل ئىش. ياخشى ئايال ئۆزىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ ھەم بۇنى ياخشى يوسۇندا ئېرىگە ئىپادىلەپ بېرەلىشىنىمۇ بىلىدۇ. ئىناق ئەر بىلەن ئايال بىرلىكتە بىرەر مەسىلە ئۈستىدە قارار چىقىرىشى، ئەر ئايالنى شۇ مەسىلىدە مېنىڭ مەيدانىمنى پۈتۈنلەي قوللايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. گەرچە ئايالى ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلىدە ئەرنى قەتئىي قوللىمىسىمۇ (شۇنداق تونۇشقا كەلتۈرۈڭ، يەنى ئايالىم مېنى قوللايدىكەن، دېگەن قاراشتا.(

## 1. خوشال ئۆتۈش .

يولدىشىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ خوشال قىياپىتىڭىزنى كۆرسىتىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ كەيپىياتىڭىز ناچار بولغانلىق سەۋەبىدىنلا ئەتراپىڭىزدىكى ھەممىسىنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇۋېتىدىغان ئادەم بولۇپ قالماڭ. ئادەمنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولۇشى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ يۇرۇشۇپ كېتىشىگە پايدىلىق. ھازىر سىز قارار چىقىرىشىڭىز كېرەك—يا كەيپىياتىڭىزنى تۈزەپ خوشال بولۇڭ، زادى خوشال بولمىسىڭىز، ھېچ بولمىسا ئۇنىڭمۇ كەيپىنى ئۇچۇرماڭ.

يۇقارقى ئەسەرلەرنىڭ مەنبىيى:

http://www.berqi.com/bbs/viewthread.php?tid=2451
http://bbs.bilik.cn/viewthread.php?tid=21147

**PDF تەييارلىغۇچى: بىلىك كۆلۈبدىن: DELL**

**(تۈگىدى)**